ئۆكتەبىر 2024
ئومۇمىي 51- سان

# ئىستىقلال ئاۋازى

## شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل تەكشۈرۈش ھەققىدە چاقىرىق قىلىندى

گېرمانىيەلىك تۈرك ياشلىرى خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىنى پاش قىلدى
9-بەت

دوكلات: يەر شارى دورا تەمىنلەش زەنجىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق
35-بەت

خىتاي ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئۆمەك ئەۋەتىپ جىنايەتلىرىنى پەردازلىماقتا
53-بەت




ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

## خەۋەر تەييارلىغۇچى
ئابدۇخەبەر رەجەپ

## تەھرىر
ي. قۇرۇم

## لايىھەلىگۈچى
ئا. ئوغۇز

## كارىكاتۇر
رادۋا ئادىل

## نەشر قىلغۇچى ئورۇن
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

## نەشر تۈرى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

## ئادرېس


Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL


بەت 1


بەت 13


بەت 31


بەت 55
英利アルフィヤ


بەت 39

1 ئىستانبۇلدا 57 يىللىق خىتاي ئىشغالىيىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

5 دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاينىڭ 57 يىللىق ئىشغالىيىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

9 گېرمانىيەلىك تۈرك ياشلىرى خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىنى پاش قىلدى

13 61-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 7-نۆۋەتلىك مىللىي بىرلىك شۇراسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى

25 پاكىستاندا ئىككى خىتاي پۇقراسى ئۆلتۈرۈلدى

27 تارباغاتايدا يېڭىدىن بايقالغان ئالتۇن مىقدارى 42 مىڭ توننىدىن ئاشقان

29 خىتاي تۈركىيەنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەرز قىلدى

31 ياۋروپا پارلامېنتى ئۇيغۇرلار ھەققىدە جىددىي قارار ماقۇللىدى

33 تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى

35 دوكلات: يەر شارى دورا تەمىنلەش زەنجىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق

37 خىتاي خەلقئارانىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن يېڭى ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلدى

39 خىتاينىڭ دۇنيا تاراتقۇلار باشلىقلىرى يىغىنىنى ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشى دىققەت قوزغىماقتا

41 خىتايغا ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزگەن جاسۇس گۇماندارلىرى ئەيىبلەندى

47 ئون نەچچە دۆلەت شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل تەكشۈرۈش ھەققىدە چاقىرىق قىلدى

49 ئۇيغۇر قىز خىتايپەرەس دوغۇ پىرىنچەكنى مات قىلدى

51 خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىدى

53 خىتاي ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئۆمەك ئەۋەتىپ جىنايەتلىرىنى پەردازلىماقتا

55 ئۇيغۇر قىز ئەرفىيە ئۇمۇمىي سايلامدا قايتا پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى

57 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات مۇنبىرى» ئۆتكۈزدى

59 ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ئاپتوموبىللىرىغا تاموژنا بېجى قوشۇش قارارى قانۇنغا ئايلاندى







# ئىستانبۇلدا 75 يىللىق خىتاي ئىشغالىيىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

**1-ئۆكتەبىر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىگە ۋە نۆۋەتتە سىستېمىلىق ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.**

نامايىشنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، نامايىشچىلار قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ۋە خىتاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تۈرلۈك جىنايەتلىرى كۆرسىتىلگەن پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، خىتايغا قارشى شوئارلارنى توۋلاشتى. پائالىيەتتە ئالدى بىلەن ياشلاردىن ئىبراھىم سىدىق مەرھۇم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي




تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بايانات ئوقۇپ ئۆتتى.

ئۇ خىتاينىڭ 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بېرى، تۈرلۈك باستۇرۇش ۋە قىرغىن قىلىش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما 75 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايغا باش ئەگمەي كەلگەنلىكىنى، قانچىلىغان مۇجاھىدلار شېھىت بولغان بولسىمۇ، قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ماھىيەتتە مۇستەقىللىق دەۋاسى ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە يىغىلغان خەلق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن يىغىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ باياناتىدا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارادا يوللۇق كۆرستىشكە ئۇرۇنۇپ، يالغان تەشۋىقاتلىرىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ: «خەلقئارا جەمئىيەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىك ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلماي كەلدى. بارلىق دۆلەتلەرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشغال قىلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا، شۇنداقلا ب د ت نى

شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە چاقىرىمىز» دېدى.

ئارقىدىن خوجا ئەھمەد يەسەۋىي جەمئىيىتىنىڭ مۇتىۋەللىي ھەيئەت ئەزاسى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ئىلياس ساقا سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن بېرى بۇلاڭ-تالاڭنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايغا قارشى كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىغانلىقىنى، بۇ دەۋادىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مىللەت پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇل شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئۆزجان جايلا سۆز قىلىپ، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرى ئۈچۈن ھامان بىر كۈنى ھېساب بېرىدىغانلىقىنى، بۇ ھېسابنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن سۆز قىلغان ژۇرنالىست خالىس ئۆز دەمىر تۈرك خەلقى ۋە مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ باستۇرۇش جىنايىتىنىڭ داۋام قىلغىنىغا 75 يىل بولغانلىقىنى، بۇ جەرياندا مىليونلىغان خەلقىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغانلىقىنى، زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەت بولمىغانسېرى





باستۇرۇشنىڭ ئېغىرلىشىدىغانلىقىنى، ھالبۇكى، تۈركىيە خەلقىنىڭ خىتاي ماللىرىنى ئەرزان دەپ ئېلىۋاتقانلىقىنى، تۈرك خەلقىنى ئۇيغۇرلارنى قوللاپ تۈركىيەدىكى خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، جۈملىدىن دىنىي چەكلىمە، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىغا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جازا يۈرگۈزۈشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا تور دۇنياسى، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

نامايىشتا يەنە جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ: «ھەر قېتىم شەرقىي تۈركىستان خەلقى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەھۋاللارنى ئاڭلىغىنىمدا مېنى يىغا باسىدۇ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى، دېموكراتىيە مەسىلىسى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغىنىنى كۆرگىنىمدە قۇسقۇم كېلىدۇ. چۈنكى خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق تېررور سىياسىتى ئىجرا قىلماقتا» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىس ۋەكىلى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم ئىنگلىزچە بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارانىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى تەكىتلىدى.

ئاخىردا ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇشى، خىتاينىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن كوللېكتىپ دۇئا قىلىندى.




# دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاينىڭ 75 يىللىق ئىشغالىيىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى ۋە نۆۋەتتە قاتتىق ئېجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار نامايىش ئۆتكۈزدى.**

جۈملىدىن، 1-ئۆكتەبىر شۋېتسىيەدە ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ياشاۋاتقان 100 نەچچە ئۇيغۇر ئۆتكۈزگەن. نامايىشنى شۋېتسىيە ئىستوكھولمدا تۇرۇشلۇق خىتاي ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى






ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى «تاجاۋۇزچى خىتاي، شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەت» تېمىسىدا نامايىش قىلغان.

بۇ قېتىمقى نامايىش ئىش كۈنىگە توغرا كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، ئىستوكھولمدا ياشاۋاتقان كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار قاتناشقان بولۇپ، نامايىشچىلار خىتايغا قارشى شوئارلىرى بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن.

29-سېنتەبىر گوللاندىيەنىڭ ئامستېردام شەھرىدىكى دام مەيدانىدا 75 يىللىق خىتاي ئىشغالىيىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن. نامايىشقا ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، موڭغۇللار، تەيۋەنلىكلەر، خوڭكوڭلۇقلار





ھەمدە خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى دېموكراتچى خىتايلارمۇ قاتناشقان. نامايىشتا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان دۆلەت مارشى ئوقۇلغان. نامايىشتا ئابدۇرېھىم غېنى ئەپەندى خىتاينىڭ 75 يىللىق ئىشغالىيىتىگە قارشى باياناتى ئوقۇپ ئۆتكەن.

كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ 29-سېنتەبىر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزگەن. نامايىش خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، قولىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە كانادا بايرىقىنى تۇتقان ئۇيغۇرلار خىتايغا قارشى پىلاكاتلارنى كۆرۈپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى شوئارلارنى توۋلىغان.

1-ئۆكتەبىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئادېلەيد شەھرىدە خىتاي ئىشغالىيىتىنىڭ 75 يىللىقىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن. شەرقىي تۈركىستان ئاۋستىرالىيە جەمئىيىتى تەشكىللىگەن مەزكۇر نامايىش






ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلەيد شەھىرى پارلامېنت بىناسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشقا ئادېلەيد شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن 100 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلغان. نامايىشچىلار خىتاي ئىشغالىيىتىنىڭ 75 يىللىقىغا ۋە نۆۋەتتە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە قارشى ھەرخىل شوئارلار يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، قاتتىق شوئار توۋلىغان.

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارمۇ خىتاي ئىشغالىيىتىنىڭ 75 يىللىقىغا قارشى پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، پائالىيەتتە خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 75 يىل جەريانىدا ئىجرا قىلغان قاباھەتلىك باستۇرۇش جىنايەت تارىخى ئەسلەپ ئۆتۈلگەن ھەمدە خىتاينىڭ تارىختىن بۇيانقى باستۇرۇشلىرىدا ۋە نۆۋەتتە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى جەريانىدا شېھىت قىلىنغانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان.



# گېرمانىيەلىك تۈرك ياشلىرى خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىنى پاش قىلدى

**گېرمانىيەلىك تۈرك يۇتۇبېر ئەنەس كاپلى قاتارلىق ياشلار شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى، خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسىنى ئالداۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى.**

گېرمانىيەلىك تۈرك يۇتۇبېر ئەنەس كاپلى قاتارلىق ياشلار شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى، خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسىنى ئالداۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى.

گېرمانىيەلىك تۈرك يۇتۇبېر ئەنەس كاپلى قاتارلىق بىر نەچچە ياش بۇ يىل ماي ئېيىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، 24-سېنتەبىر ئۆزىنىڭ يۇتۇب قانىلىدا «ۋەيران قىلىنغان قەبرىلەر» ماۋزۇلۇق سىننى تارقاتقان. سىندا كۆرسىتىلىشىچە، گەرچە تۈرك ياشلار ئاتۇش مەشھەتكە جايلانغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بىراق خىتاي خادىملىرى ياشلارنى مازارلىققا



كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن قەبرىستانلىقنىڭ قورۇ دەرۋازىسىنى قۇلۇپلاپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالغان. قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلالمىغان ياشلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان.

تۈرك ياشلار شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە ھەر كۈنى خىتاينىڭ ماراقچىلىرى ئۇلارنى يول بويى كۆزىتىپ ماڭغان. بۇ فىلىم نۆۋەتتە خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى تارقىتىۋاتقان ئاتالمىش «ئۇيغۇرلار ئىنسانىي ھوقۇقلىرى، دىنىي ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ھالدا بەھۇزۇر ياشىماقتا» دېگەن يالغان تەشۋىقاتلىرىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى، خۇسۇسەن ئىسلام ئەللىرىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، خىتاي نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى پاش قىلغان.

تۈرك ياشلار شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە، بۇندىن ئىلگىرىكى كۆپ سانلىق زىيارەتچىلەردەك خىتاي كۆز بوياش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئۇسسۇل مەيدانلىرى، ئۇيغۇر-ئىسلام مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن ياساپ چىققان ساختا كۆرگەزمىلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەمەلىي ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش مەقسىتىدە مەسچىتلەر، مازارلارنى ئارىلاپ ئەھۋال



ئىگىلەشكە، ئامال بار ئۇيغۇرلار بىلەن پاراڭلىششقا تىرىشقان. بىراق ئۇيغۇرلار ئۇلار بىلەن پاراڭلىششتىن قورقۇپ يېقىن كەلمىگەن. خىتايلار بولسا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، بەس-بەستە سۈرەتكە چۈشۈشكەن.

ئۇلار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغاندا، دەرۋازىنىڭ تاقاق ئىكەنلىكىنى، بۇ مەشھۇر مەقبەرىنى زىيارەت قىلىدىغان بىرمۇ زىيارەتچى يوق ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى خېلى ئۇزۇن ساقلىغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىغان. تۈرك ياشلار ئامالسىز مەقبەرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر مازارلىقنى ئايلانغان بولۇپ، مازارلىقنىڭ ۋەيرانە هالەتتە ئىكەنلىكىنى، ئەخلەتلەرگە توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنغان ۋە دۇئا قىلىپلا ئايرىلغان.

ئۇلار بۇ قېتىملىق زىيارىتى جەريانىدا كۆپ سانلىق زىيارەتچىلەر بايقىيالمىغان ياكى قەستەن كۆرمەسكە سالغان، خىتاي ئىزچىل يوشۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن چاقماي قويۇپ قويغان مەسچىتلەرنىڭمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاقالغانلىقىنى، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىچكىرىلەپ ئالاقە قىلىش ئارقىلىق، خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئىبادەتلىرىنى چەكلىگەنلىكى سەۋەبلىك ئاشكارا ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلماننىڭ قالمىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ سالام قىلىشتىنمۇ چەكلىنىپ، دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى خەلقئاراغا ئاشكارىلىغان.

يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، دىنىي باستۇرۇشلىرى سەۋەبلىك خەلقئارادا تۈرلۈك تەنقىد ۋە بېسىمغا دۇچ كەلگەن خىتاي جىنايەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساياھەت




ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىدىن ھەرخىل نامىلار بىلەن ئۆمەك تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالدىن تەييارلانغان چەكلىك ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنىڭ پۈتۈنلەي قوغدالغانلىقىنى، دىنىي ئەركىنلىكنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تاشقى دۇنياغا جار سېلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى.

ئۇندىن باشقا، خىتاي يەنە ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چەت ئەلگە چىقىشىغا شەرتلىك رۇخسەت قىلىش، چەت ئەلدە خىتايغا ماسلىشىپ ياكى خىتاي بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن قىسمەن ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىش ئارقىلىق، ۋەزىيەتنىڭ ئىلگىرىكىدىن ياخشىلانغانلىقىنى تەشۋىق قىلماقتا.

ھالبۇكى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ۋە بۇ جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى. دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر تولۇق چەكلەندى. خىتاي ئىچكى تەشۋىقات ۋە سىياسەتلىرىدە بولسا ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش»، «دىنىي سوتسىيالىزمغا بويسۇندۇرۇش» دېگەندەك سەپسەتىلەر بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

گېرمانىيەلىك تۈرك ياشلارغا ئوخشاش خىتايغا سېتىلمىغان بىر قىسىم زىيارەتچىلەر قاتتىق نازارەت، چەكلىك ئىمكانىيەت ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ۋەزىيىتىنى دۇنياغا كۆرسىتىپ، ئىنسانىي، دىنىي بۇرچىنى ئادا قىلماقتا.

# 16-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 7-نۆۋەتلىك مىللىي بىرلىك شۇراسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى




**16-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 7-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى 5-ئۆكتەبىردىن 7-ئۆكتەبىرگىچە ئىستانبۇلدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.**

2009-يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، جامائەت ئەربابلىرى، زىيالىيلىرى، ئاكادېمىكلار، تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىن شەرقىي

تۈركىستان دەۋاسىنى يېقىندىن قوللاپ كېلىۋاتقان سىياسەتچىلەر، تەشكىلاتلار قاتنىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇچرىشىش بۇ يىل 16-يىلغا قەدەم قويدى.

بۇ يىلقى 16-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 7-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى 30 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشىدا، 5-ئۆكتەبىر ئەتىگەندە ئىستانبۇلدىكى گرىن پارك مېھمانخانىسىدا قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن رەسمىي باشلاندى.

تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشلىرى ئوقۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە دۇنيا شەرقىي تۈركىستان قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلەر ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسىنىڭ دەۋانىڭ يۈكسىلىشىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى، خىتاينىڭ ئىشغالىيەتتىن بۇيانقى كۆنسېرى قەبىھلەشكەن تۈرلۈك جىنايەتلىرىگە ئەگىشىپ تەڭ كۈچىيىپ مېڭىۋاتقان





بۇ ھەقلىق دەۋانىڭ ئادالەت ۋە خەلقئارا قانۇنلارغا ئۇيغۇن مۇستەقىللىق دەۋاسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا تۈرك دۇنياسى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭمۇ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى ئىچىدىكى دەۋا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە: «بۈگۈن دۇنيا پەلەستىندىكى قەتلىئامنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھېلىھەم قەتلىئام داۋام قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇرۇش رايونىغا يېيىلماقتا. مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە بارلىق تەشكىلاتلارنى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىق قىلىمەن» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى تەييارلىغان شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسى ۋە قېرىنداشلىق ئۆچرىشىشى ھەققىدە ئىشلەنگەن قىسقا فىلىم قويۇلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ باش ئەگمەي، ۋەتەنىنىڭ ئىچى-سىرتىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن مالايشىيا ئاماناھ نېگارا پارتىيەسى خەلقئارا مۇناسىۋەت مەسئۇلى راجا داتو ھاجى قەمەرۇل بەھرەيىن شاھ، ياۋروپا ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ھەيسەم ئەلھەدداد، تۈركىيە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى تاشقى مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇن ئارماغان، ھىندىستان پارلامېنت ئەزاسى سۇجىت كۇمار، ئالجىرىيە پارلامېنت ئەزاسى ئابدۇلئەنى مۇسامىدا، مالايشىيا ئالىملار بىرلىكى رەئىسى داتو ۋان مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ



مۇۋەققەت رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم، ماراكەش ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىكى رەئىسى دوكتور ھەسەن ئەلقەتتانى، ئىنسان ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى رەئىسى مەھمەت گۆنەي، ھىندونېزىيە مۇھەممەدىيە جامائىتى ئىرشاد رەئىسى تۇئان فەھمى سەلىم، خەلقئارا قانۇنشۇناسلار بىرلىكى رەئىسى نەجاتى جەيلان، سىربىيە مۇفتىسى سەنەد ھەمدوۋىچ، ئىسلام دۇنياسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ئەييۇب ئاقبال، پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكى باش كاتىپى دوكتور مۇھەممەد ۋالى، بوسنىيە مەدەنىي غايە ۋەقفى رەئىسى ئەبۇ بەكىر يەھيا، ئالبانىيە ئېھسان ۋەقفى رەئىسى كوراب كايا، تۈرك ئاخباراتچى ئابدۇراھمان ئۈزۈن، سۇرىيە تۈركمەن جەمئىيتى رەئىسى ئەھمەد ئاغاچ، مالايشىيا ئىسلام ياشلىرى ھەرىكىتى رەئىسى ئەنۋەر ئىسمائىل، مىسىرنىڭ سابىق مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئابدۇللاھ ئەشئەل، ئىيى پارتىيەسى ئىستانبۇل پارلامېنت ئەزاسى مۇھەممەد ساتۇق بۇغرا كاۋۇنجۇ، تۈركىيە پىرېزىدېنتى باش مەسلىھەتچىسى ئايخان ئوغان، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى ئالىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزاسى دوكتور جامال ئابدۇساتتار، سابىق پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور دوكتور جەلال ئەرباي قاتارلىقلار نۆۋەت بىلەن سۆز قىلدى.

-5ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن كۈۋەيت، مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيە ۋەكىللىرىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن يىغىننىڭ مەخسۇس تېمىلارغا ئايرىلغان مۇھاكىمە ۋە تەھلىل لېكسىيەلىرى بۆلۈمى باشلاندى ۋە بىرىنچى بۆلۈمدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مىللەتكە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ۋە نەتىجىلىرى» باش تېما قىلىنغان ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يېقىنقى ئون يىلدا خىتاينىڭ شەرقىي




تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى پەرقلىق نۇقتىلاردىن ئانالىز قىلىندى.

پاتمە ئەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە داۋاملاشقان مۇھاكىمە يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەت مەجىد تۈركىستانىي «76 يىللىق ئىشغالىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» تېمىسىدا، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا «خىتاينىڭ دىن سىياسىتى ۋە ئىسلامغا تۇتقان پوزىتسىيەسى» تېمىسىدا، سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئادىلجان ئەر ئۇيغۇر «يېقىنقى ئون يىللىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە كۈلتۈر ئۆزگىرىشلىرى» تېمىسىدا سۆز قىلدى. مۇھاكىمە ئاخىرىدىكى ئەركىن سوئال-جاۋاب بۆلۈمىدە قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇتەخەسسىسلەردىن تېمىغا ئالاقىدار سورىغان تۈرلۈك سوئاللارغا جاۋاب بېرىلدى.

ئارقىدىن داۋام قىلغان ئىككىنچى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تېمىسى



«خىتاينىڭ ئاسىيادىكى كېڭەيمىچىلىك تەھدىتلىرى» باش تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ بۆلۈمدە ئىستانبۇل ئۈنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن دوكتور ئۆمەر قۇل «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە خىتاي-تۈركىيە نۇقتىسىدىن نەزەر» تېمىسىدا، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى، ئاياللار ھوقۇقى مۇتەخەسسىسى دوكتور شادىيە راھمان «خىتاينىڭ ئافغانىستان ۋە پاكىستاندا كۈچىيىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي نوپۇزى» تېمىسىدا، ئىبنى خالدۇن ئۈنىۋېرسىتېتى سىياسىي ئىشلار ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پىروفېسسور، دوكتور ياشار سارى «خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈچىيىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي نوپۇزى» تېمىسىدا، ھىندىستان جاۋاھارلال نېھرۇ ئۈنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر





فاكۇلتېتىدىن پروفېسسور، دوكتور ماھىش رانجان دىباتا «جەنۇبىي ئاسىيادا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە بىخەتەرلىك تەھدىتلىرى» تېمىسىدا، ياپونىيە كاگوشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد پروفېسسورى، دوكتور سېجى نىشىھارا «خىتايدىكى يېڭى يىپەك يولى تۈرى ۋە رايونلۇق خەۋپسىزلىك تەھدىتلىرى» تېمىسىدا تەپسىلىي توختالدى.

6-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەن 3-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ باش تېمىسى «خىتاينىڭ يۈكسىلىۋاتقان كۈچى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرى» بولۇپ، خىتاينىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ خەلقئاراغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇنىڭغا بولغان ئىنكاسلىرى ئانالىز قىلىندى.



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىن ھاجى رىياسەتچىلىكىدە باشلانغان يىغىندا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىرىنى، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئىلمىي تەرىقىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان دوكتور ئادرىيان زېنز «مەجبۇرىي ئەمگەك، غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزمى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى» تېمىسىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇۋەققەت رەئىسى، ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم «خىتاي-غەرب توقۇنۇشىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» تېمىسىدا، سىربىيە مۇفتىسى سەنەد خالتوۋىچ «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ بالقان دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: رايونلۇق ھەمكارلىق ۋە پۇرسەتلەر» تېمىسىدا توختالدى.

يىغىن ئاخىرىدىكى ئەركىن سوئال-جاۋاب بۆلۈمىدە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇتەخەسسىسلەردىن سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلدى.

ئارقىدىن 4-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئىسلام دۇنياسى مۇناسىۋەتلىرى مەسئۇلى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرىينىڭ رىياسەتچىلىكىدە داۋام قىلدى. بۇ بۆلۈمنىڭ باش تېمىسى «خىتاينىڭ ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىكى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان نوپۇزى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» بولۇپ، دوكتور ئىسام ئابدۇششافى «خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئەتلىرى ۋە تەسىرى ئېشىۋاتقان بىر پەيتتە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئەھمىيىتى» تېمىسىدا، پروفېسسور دوكتور مۇھەممەد ئەسسام لاۋرۇسسى «شىمالىي ئافرىقا رايونىدا ئامېرىكا-خىتاي رىقابىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان



دەۋاسى» تېمىسىدا، پىروفېسسور دوكتور مەسئۇد سەبرى «ئۇممەت ئالىملىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قوللاشتىكى رولى» تېمىسىدا، پىروفېسسور دوكتور ئىسام فائۇر مالكاۋى «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئەرەب دۇنياسى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ رولى» تېمىسىدا، مۇستافا ئاشۇر «ئەرەب ۋە ئىسلام مېدىياسىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» تېمىسىدا، خالىد ئەل شەرىف «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا خەلقئارا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش» تېمىسىدا توختالدى. يىغىن ئاخىرىدا يەنە قاتناشقۇچىلارنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلدى.

ئارقىدىن 5-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە باياناتچىسى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم رىياسەتچىلىكىدە داۋام قىلدى. «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ۋە ئىشغالىيەتكە خاتىمە بېرىش» باش تېمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا پىروفېسسور دوكتور ئەفەندى سالىھ «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش مېخانىزملىرى» تېمىسىدا، ھىندىستان پارلامېنت ئەزاسى سۇجىت كۇمار «خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن جازالاش» تېمىسىدا، دوكتور قادىر تەمىز «چەت ئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى، تەھلىل ۋە تەۋسىيەلەر» تېمىسىدا، ئادۋوكات خەيرۇلئەنۋەر ئىسمائىل «ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشتا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە رولى» تېمىسىدا، پىروفېسسور دوكتور ئابدۇللاھ ئەشئەل «خەلقئارا قانۇن دائىرىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى» تېمىسىدا سۆز قىلدى.

ھەرقايسى باسقۇچلاردا سۆز قىلغۇچىلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا



قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئاخىردا ئىشغالىيەتكە خاتىمە بېرىش يوللىرى، پۇرسەتلەر، تۆرلۈك تەكلىپلەر، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدىكى مىساللار، خىتاينىڭ ئاجىز نۇقتىلىرى ۋە ئۇنى تۈتقا قىلىپ ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەپسىلىي مۇزاكىرە ۋە تەھلىل قىلدى ۋە يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن ياش پىراكتىكانتلارنى تەربىيەلەش پىروگراممىسىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ۋە مەزكۇر ئىككى ئايلىق پىروگراممىدا ياشلارنىڭ قايسى ساھەلەردە تەربىيەلەنگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا كۆرسەتىدىغان تەسىرى ھەققىدە پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە كۇرسانتلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

ئارقىدىن 6-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەد مەجىد تۈركىستانىينىڭ رىياسەتچىلىكىدە داۋام قىلدى. «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ۋە ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرى» باش تېمىسىدا داۋام قىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە باياناتچىسى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» تېمىسىدا، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز سىراجىدىن ئەزىزى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى، پۇرسەتلەر ۋە








قىينچىلىقلار» تېمىسىدا، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى سابىق رەئىسى ۋە مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ قىممەت قاراشلىرى» تېمىسىدا سۆز قىلدى.

7-ئۆكتەبىر ئاخىرقى كۈنگە قەدەم قويغان 16-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 7-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى ئادەم تۇران، فىنلاندىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى رەئىسى مۇھەممەد ئەلى ئاتاۋۇللاھ، شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر، مالايشىيا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى ۋەكىلى رىزۋان، ھىندونېزىيە تەرپەدان ئىنستىتۇتى رەئىسى نائۇفەل ئۇبەيدۇللاھ قاتارلىقلارنىڭ ئايرىم ئايرىم سۆز قىلىشى بىلەن باشلاندى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەد مەجىد تۈركىستانىينىڭ رىياسەتچىلىكىدە «خەلق دىپلوماتىيەسى - يېڭى پۇرسەتلەر ۋە تەشەببۇسلار»، «مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىملىك كرىزىسى، ئالدىنقى ئەۋلادنىڭ يېڭى ئەۋلادلارغا مەدەنىيەت كىملىكنى يەتكۈزۈشتە دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرى»، «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئاخبارات




ۋاستىلىرىنىڭ رولى»، «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى خەلقئارالىق تەشەببۇسلار»، «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ياشلارنىڭ رولى - تەرەققىيات ۋە ھەمكارلىق»، «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئىنسان ھەقلىرى تەتقىقاتلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار»، «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئۆلىمالارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە رولى» قاتارلىق ئايرىم-ئايرىم تېمىلار ئاساسىدا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېپىق يىغىنلارنىڭ خۇلاسىلىرى مەزكۇر گۇرۇپپىلارنىڭ مەسئۇللىرى تەرىپىدىن يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلدى.

ئارقىدىن ئوت يۈرەك پائالىيەتچى مەمەت تۇرسۇن ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن يېڭىدىن ئىخچاملاپ تەييارلىغان، پات يېقىندا ئىچىدە نەشر قىلىنىدىغان «يۈز مەشھۇر ئۇيغۇر» كىتابىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

ئارقىدىن خەلقئارا پەيغەمبەر ئەنسارلىرى ھەيئىتى رەئىسى دوكتور مۇھەممەد سەغىر سۆز قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ چوقۇم بارلىق ھەقلىق دەۋالارغا ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى، ئادالەت ئىگىلىرىگە غەلىبە ئاتا قىلىشنىڭ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى، بۇ يولدا ئۇچرىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنىڭ، توسالغۇلارنىڭ ھەقىقىي دەۋاچىلار بىلەن يالغانچىلارنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى ئۈچۈن بولغان سىناق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئاخىرىدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ 16-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 7-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى ئېلان قىلىشى بىلەن بۇ نۆۋەتلىك يىغىن غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

# پاكىستاندا ئىككى خىتاي پۇقراسى ئۆلتۈرۈلدى




**خىتاي پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدە ئىككى خىتاي پۇقراسى ئۆلتۈرۈلدى.**

سۇمرۇغ تورىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ پاكىستاننىڭ ئىسلامئابادتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئىككى خىتاي پۇقراسىنىڭ كاراچى شەھرىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ پاكىستان ھۆكۈمىتىدىن ۋەقەنى دەرھال تەكشۈرۈپ، جاۋابكارلارنى تېزدىن قولغا ئېلىشنى ۋە سوتقا تارتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى بىلدۈرگەن.

خىتاي باياناتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدە ئاز دېگەندە ئىككى خىتاي



پۇقراسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ۋە نۇرغۇن خىتاي پۇقرالىرى بىلەن بىرگە باشقا كىشىلەرنىڭمۇ يارىلانغانلىقى، خىتاينىڭ بۇ ھۇجۇم ۋەقەسىنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، 6-ئۆكتەبىر پاكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى كاراچى شەھىرىدە جىنناھ خەلقئارا ئايرودۇرۇمغا يېقىن جايدا خىتاي ئېلېكتىر شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوموبىل ئەترىتىگە بومبا ھۇجۇمى قىلغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئارىدىن بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن پاكىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەلۇجىستان ئۆلكىسىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان بەلۇج ئازادلىق ئارمىيەسى بۇ ھۇجۇمنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى، ھۇجۇمدا ئۈچ چەت ئەل پۇقراسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ۋە 17 كىشىنىڭ يارىلانغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ھۇجۇمنىڭ ئاساسلىق نىشانى بولغان خىتاي شىركىتى بولۇپ، كاراچىنىڭ شەرقىدىكى قاسىم پورتى تېرمال ئېلېكتىر ئىستانسىسى لايىھەسىنىڭ ھۆددىگىرى ئىكەن.

پاكىستاندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاينىڭ ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ بىر قىسمى بولغان خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى پىلانى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك ئېنېرگىيە ۋە ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنى نىشان قىلغان ھۇجۇملارنىڭ كۆپەيگەنلىكى مەلۇم بولماقتا.



# تارباغاتايدا يېڭىدىن بايقالغان ئالتۇن مىقدارى 24 مىڭ توننىدىن ئاشقان

**خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئالتۇن كانلىرىنى چارلاپ تەكشۈرۈش ھەرىكىتىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئالتۇن مىقدارى 24 مىڭ توننىدىن ئاشقان.**

خىتاي خەلق تورىنىڭ 8-ئۆكتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، بۇ يىل تارباغاتاي ۋىلايىتى يېڭى بىر نۆۋەتلىك كان ئىزدەش ھەرىكىتىگە تايىنىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنى گېئولوگىيەلىك چارلاش تۈرىدىن 72 نى يولغا قويغان. بۇ باسقۇچلۇق چارلاشتا ھازىرغا قەدەر تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئالتۇن رۇدىسى مىقدارى جەمئىي 8 مىليون 916 مىڭ 500 توننا، ئالتۇن مىقدارى 24093.36 كىلوگىرام بولغان. بۇنىڭ ئاساسلىقى تولى ناھىيەسى جارۇۋساق ئالتۇن كېنىنىڭ كۆپەيگەن ئالتۇن مىقدارى 3527 كىلوگىرام، تولى ناھىيەسى كەپتەر ئۆڭكۈرى ئالتۇن



كېنىنىڭ يېگىدىن كۆپەيگەن ئالتۇن مىقدارى 12 مىڭ كىلوگىرام ئىكەن.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تەبىئىي بايلىق نازارىتىدىكى ئالاقىدار ئەمەلدارلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قېزىلما بايلىقلىرى مول، يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، بايقالغان تۈرلۈك قېزىلما 153 خىل، ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى 103 خىل بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىق زاپىسى خىتاي بايلىقنىڭ 88% ى ۋە 63% نى ئىگىلەيدىكەن. 77 خىل قېزىلما بايلىقنىڭ ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقى ئوننىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن. بۇ يىل ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» مالىيەسى چىقارغان مەبلەغ بۆلتۈرقى 150 مىليون يۈەندىن 500 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىلگەن.

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئېنېرگىيە ئىستېمالچىسى بولغان خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا نېفىتتىن باشقا ئالتۇن، پىلاتىنا، كۈمۈش، ئۇران ۋە كۆمۈر قاتارلىق نۇرغۇنلىغان يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى قېزىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقتا.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىش، پۈتۈنلەي قىرغىن قىلىپ تۈگىتىپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# خىتاي تۈركىيەنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەرز قىلدى



**خىتاي تۈركىيەنىڭ خىتاي ئاپتوموبىللىرىدىن قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالغانلىقىغا قارشى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا شىكايەت قىلغان بولۇپ، خىتاي سودا مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا جاۋاب بەردى.**

خىتاي سودا مىنىستىرلىقى ئورگان تورىنىڭ 8-ئۆكتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، بىر قىسىم تاراتقۇلار خىتاي سودا مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسىدىن: «ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىغا ۋە باشقا ماشىنىلارغا ئىمپورت چەكلىمىسى قويغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاي تۈركىيە ئۈستىدىن دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەرز قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. بۇ ھەقتىكى كونكرېت ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟» دەپ سورىغان.



خىتاي سودا مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋاب بېرىپ، 8-ئۆكتەبىر خىتاي تەرەپنىڭ تۈركىيەنىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللارغا ۋە باشقا ماشىنىلارغا قوشۇمچە تاموژنا بېجى قويۇش ۋە ئىمپورت ئىجازەتنامە چەكلىمىسى تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كېڭىشىش ئىلتىماسى سۇنغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

باياناتچى يەنە تۈركىيەنىڭ خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان توكلۇق ئاپتوموبىل ۋە باشقا ماشىنىلارغا 40% لىك قوشۇمچە تاموژنا بېجى ھەمدە ئىمپورت ئىجازەتنامىسى چەكلىمىسى قويغانلىقىنى، بۇ خىل كەمسىتىش خاراكتېرىنى ئالغان تەدبىر دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى، تۈركىيەنىڭ بۇ قىلمىشى تىپىك سودا قورۇقچىلىق ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

خىتاي باياناتچى يەنە: «بىز تۈركىيەنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىكى ئالاقىدار ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى دەرھال تۈزىتىشىنى تەلەپ قىلىمىز» دەپ جار سالغان ۋە شۇنداقلا خىتاينىڭ بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى سانائەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.



# ياۋروپا پارلامېنتى ئۇيغۇرلار ھەققىدە جىددىي قارار ماقۇللىدى

**ياۋروپا پارلامېنتى ئۇيغۇرلار ھەققىدە جىددىي قارار ماقۇللاپ، خىتاينى پروفېسسور ئىلھام توختى قاتارلىق تۇتقۇندىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىشكە چاقىردى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 10-ئۆكتەبىر ياۋروپا پارلامېنتى جىددىي قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى ئەيىبلىگەن. ئۇيغۇر ئىقتىسادشۇناس پروفېسسور ئىلھام توختى، پېنسىيەگە چىققان دوختۇر گۈلشەن ئاباس ۋە تۇتقۇندىكى باشقا مەھبۇسلارنى دەرھال ۋە شەرتسىز قويۇپ بېرىشكە چاقىرىق قىلغان.

مەزكۇر قارار ياۋروپا پارلامېنتىدا 540 ئاۋازنىڭ قوللىشى، 23 ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە 47 ئاۋازنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى نەتىجىسىدە ماقۇللانغان. قاراردا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. جۈملىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش قاتارلىق باستۇرۇشلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى





جىنايەت شەكىللەندۈردۈ ۋە ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى مەۋجۇت» دەپ مۆئەييەنلەشتۈرگەن. ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ قارارىدا پروفېسسور دوكتور ئىلھام توختى بىلەن دوختۇر گۈلشەن ئاباس خانىم ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.



# تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن بىر ھەيئەت 10-ئۆكتەبىر تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئەلى يەرلىقايا بىلەن كۆرۈشۈپ، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى يەتكۈزدى.


ھەيئەت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا، تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجىدىن تەشكىللەنگەن.

ھەيئەت 10-ئۆكتەبىر ئەنقەرەدە تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئەلى يەرلىقايا بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس ئىلتىماسلىرىنى



تەستىقلاشنى تېزلىتىش، نوپۇس ۋە ئىقامەت (تۈركىيەدە تۇرۇش رۇخستى) بېرىش جەريانىدا خىتايدىن ئالاقىدار ئىسپات ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىش قىيىنچىلىقى، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىگە كود قويۇلۇش مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇر بولمىغان تەرىقىدە تۇتقۇن قىلىش مەسىلىلىرى، تۈركىيە سىرتىدا تۇتقۇندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار مەسىلىسى قاتارلىق مۇھىم تېمىلار مۇزاكىرە قىلىنغان.






# دوكلات: يەر شارى دورا تەمىنلەش زەنجىرى ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق

**خەلقئارادا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ خەتىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن بىر قىسىم تىرىشچانلىقلار داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يەر شارىۋى دورا سانائىتى يەنىلا شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلىنغان ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان دورا تەركىبلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتلارغا ئېغىر دەرىجىدە تايانغان.**

«ئىلغار مۇداپىئە تەتقىقات مەركىزى» (C4ADS) 8-ئۆكتەبىر «ئەكس تەسىر: يەر شارى دورا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىنسان ھەقلىرىگە بولغان باغلىنىشى» ناملىق دوكلاتنى ئېلان قىلغان.

دوكلاتتا ئامېرىكىنىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى» ماقۇللانغاندىن بۇيان، ئېنىق بولمىغان سانلىق مەلۇمات مۇھىتى، مۇرەككەپ تەمىنلەش زەنجىرى ۋە سىياسەتنى يولغا قويۇشتىكى توسالغۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىككە داۋاملىق يوچۇق ئېچىپ بەرگەنلىكى، ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئىمپورت قىلغۇچىلار ۋە ئاخىرقى

ئىستېمالچىلارنىڭ يېمەكلىكتىن تارتىپ، شەرقىي تۈركىستان رايونىغا مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللارغىچە بولغان مەھسۇلاتلارنى بىلمەستىن ئىستېمال قىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، گەرچە خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دورا ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىككىنچى چوڭ دورا بازىرى بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى دورىگەرلىك ساھەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى چوڭقۇر تەھلىل قىلىنمىغان. بۇ مەھسۇلاتلار ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىپلا قالماي، ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر ۋە تۆۋەن ئېقىمدىكى ئىستېمالچىلارنى تېخىمۇ چوڭ بازار خەۋپىگە دۇچار قىلغان.

C4ADS ئاممىۋى ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ دورا سانائىتىگە سىڭىپ كىرىش جەريانىدىكى مۇھىم ئامىللارنى ئېنىقلاپ چىققان بولۇپ، خىتايدىن ئېكسپورت قىلىنغان 76 تۈرلۈك دورا مەھسۇلاتى پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىلا ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاغرىق پەسەيتىش دورىلىرى بارلىقى ئاشكارىلانغان بولۇپ، بۇ دورىنىڭمۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىش خەۋپى بار ئىكەن. ئۇندىن باشقا، ئامېرىكا دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ياپونىيە دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىدارىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا جايلاشقان دورا شىركەتلىرىگە ئىجازەتنامە بەرگەنلىكى ئاشكارا بولغان.

كۆزەتكۈچىلەر گەرچە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسلىق ئۇيغۇرلار بولغان نەچچە مىليون خەلقنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق خىتاي شىركەتلىرىنى ۋە خىتاي ئەمەلدارلىرىنى جازالىغانلىقىنى، بىراق خىتاينىڭ دورا سانائىتىگە ئوخشاش بىر قىسىم ساھەلەرنىڭ ئىمبارگو تورىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



【文化中国行】新疆文学领域最高奖项“天山文学奖”设立……万元

2024年10月10日 09:53 新疆网

核心提示：新疆文学领域的最高奖项“天山文学奖”正式设立，并于10月8日起，首次面向海内外作家和文学爱好者，广泛征集有关新疆题材的文学精品。

新疆网讯（全媒体记者蔡俊）新疆文学领域的最高奖项“天山文学奖”正式设立，并于10月8日起，首次面向海内外作家和文学爱好者，广泛征集有关新疆题材的文学精品。

10月8日，天山文学奖评奖办公室在中国作家网发布《关于征集首届天山文学奖参评作品的公告》，公布了这一消息。

“天山文学奖”是天山文艺奖中的特别奖。参评作品不限体裁，长篇小说、中短篇小说、散文、纪实文学、诗歌、剧本、儿童文学、文学理论评论等均可参评。“天山文学奖”表彰新疆题材文学精品，旨在展现团结和谐、繁荣发展的美丽新疆，引领新疆题材文学创作不断向“高峰”迈进。

“如果把天山文艺奖比作新疆文艺行业奖项的高原，那么‘天山文学奖’就是高原上的高峰。”新疆文联党组成员、副主席，新疆作家协会副主席熊红久说。目前，首届天山文学奖评审小组已经成立完毕，并开始面向全社会征稿，计划年底前评选出相应奖项。

从初评到终评，评委专家团三分之二由国内茅盾文学奖、鲁迅文学奖的评委，三分之一由新疆著名作家和学者共同组成，保证评选全过程专业权威，公平公正。

“这是新疆文学奖项首次面向海内外，面向全世界公开征集作品，是新疆文化自信的体现，意义非常重大。”熊红久说，设立这一奖项，是为了激励更多的作家，用文学的方式，更加深入到生活深处，深入到人民群众的情感深处，讲述新疆各族人民的美好生活和真实愿望。

根据公告，天山文学奖每两年举办一次，每次评选出不超过5部获奖作品，评选出不超过5部提名奖作品。获奖作品每部奖励人民币50万元，提名奖作品每部奖励人民币10万元，“杰出贡献奖”获得者奖励人民币100万元（均为税后金额）。


据了解，2003年，经自治区党委和人民政府批准设立的我区文艺界最高综合性奖项——天山文艺奖，自2002年以来共组织实施七届评奖表彰活动，创作了一大批具有时代、地域特色的在区内外产生重要社会影响的优秀文艺作品，其中，百余部原创文学作品和翻译作品获文学类相应奖项，极大地弘扬了“多元一体”的中华文化和社会主义核心价值观，唱响时代主旋律，满足新疆各族群众的精神文化需求。

# خىتاي خەلقئارانىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن يېڭى ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلدى

**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش، خەلقئارانىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، زور سوممىلىق ئاتالمىش «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلدى.**

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 14-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي مۇكاپات دەپ ئاتىغان ئاتالمىش «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تەسىس قىلغانلىقى، 8-ئۆكتەبىردىن باشلاپ تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى-سىرتىدىكى يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىدىن ئاتالمىش «شىنجاڭ» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى توپلاشقا باشلىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەر قىلىنىشىچە، 8-ئۆكتەبىر ئاتالمىش «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى باھالاش ئىشخانىسى خىتاي يازغۇچىلار تورىدا «تۇنجى نۆۋەتلىك تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنى توپلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلغان. «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتىغا تەۋە ئالاھىدە مۇكاپات بولۇپ، باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى چەكلەنمەيدىكەن.



ختاي «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» بىلەن ئاتالمىش «شىنجاڭ» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەقدىرلەش ئارقىلىق، ئاتالمىش «ئىتتىپاق، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان گۈزەل شىنجاڭ»نى نامايان قىلدۇرغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، دەسلەپكى باھالاشتىن ئاخىرقى باھالاشقىچە، باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ختايدىكى ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى، لۇ شۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ باھالىغۇچىلىرىدىن، ئۈچتىن بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستاندىكى يازغۇچىلاردىن تەشكىللىنىدىكەن. تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاش ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، ھەر قېتىم باھالاپ چىقىلغان ئەسەر بەشتىن ئاشمايدىكەن. ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرمۇ بەشتىن ئاشمايدىكەن. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھەر بىر ئەسەر 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بىلەن مۇكاپاتلىنىدىكەن. ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەر بىر ئەسەر 100 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىنىدىكەن. «كۆرۈنەرلىك تۆھپە مۇكاپاتى»غا ئېرىشكۈچىلەر 1 مىليون يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىنىدىكەن.

ختاينىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى ئارقىلىق ساختا تەشۋىقات يۈرگۈزۈش قىلمىشى ئىشغالىيەت تارىخى بىلەن تەڭ باشلانغان. ختاي يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، غايەت زور خىراجەت ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش» نامىدا ساختا تەشۋىقاتنى كۈچەيتمەكتە. بۇ جەرياندا ئىجتىمائىي تاراتقۇلار، مەتبۇئاتلار، كىنو-فىلىم ساھەسى ختاينىڭ ئاساسلىق قورالىغا ئايلانماقتا.




# خىتاينىڭ دۇنيا تاراتقۇلار باشلىقلىرى يىغىنىنى ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشى دىققەت قوزغىماقتا

**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارادا كۈنتەرتىپتە تۇرۇۋاتقان بىر مەزگىلدە، خىتاينىڭ 6-نۆۋەتلىك دۇنيا تاراتقۇلار باشلىقلىرى يىغىنىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرۇشى دىققەت قوزغىماقتا.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، «سۈنئىي ئەقلى ئىقتىدار ۋە تاراتقۇ ئىسلاھاتى» باش تېمىسىدىكى 6-نۆۋەتلىك دۇنيا تاراتقۇلار باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى 14-ئۆكتەبىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاي بۇ يىغىنىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش، ئىنكار قىلىش ئۈچۈن پايدىلاندى.

خەۋەر قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ زۇۋانى بولغان شىنخۇا ئاگېنتلىقى بىلەن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دائىرىلىرى» بىرلىكتە مەسئۇل بولۇپ ئورتاق ئۆتكۈزگەن 6-نۆۋەتلىك دۇنيا تاراتقۇلار باشلىقلىرى يىغىنىغا 106 دۆلەت ۋە رايوندىكى 208 ئاساسىي




ئېقىم تاراتقۇسى، ھۆكۈمەت تارمىقى قاتارلىق ئاپپاراتلار ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاپپاراتلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن كەلگەن 500 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشقان.

خەۋەردە يىغىنغا تاس ئاگېنتلىقى، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، ئەلجەزىرە تاراتقۇ گورۇھى، رويتېرس ئاگېنتلىقى قاتارلىق خەلقئارادىكى چوڭ تاراتقۇلارنىڭ جەم بولۇشىنىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نوپۇزى، كەسپىي خاراكتېرىنى نامايان قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ»نى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىكەنلىكى، ئاتالمىش «شىنجاڭ»نى دۇنيا تاراتقۇلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

خىتاي بۇ قېتىملىق يىغىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئالاھىدە مەركەزلەشكەن بولۇپ، خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋىرىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى مەسىلىسىدە خەلقئارا تاراتقۇلارنىڭ كۆزىنى بوياش ۋە ئالداش ئۈچۈن يىغىننى شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا ئېنىق ئىشارەت قىلىنغان. ھەرقايسى دۆلەت تاراتقۇلىرى ۋەكىللىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبى-شىمالىغا بېرىپ ئۈچ كۈنلۈك ئېكسكۇرسىيە-زىيارەت قىلدۇرۇلغان. زىيارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ ھېكايىسى»نى تېخىمۇ ياخشى سۆزلەيدىغانلىقى ھەققىدە جار سېلىنغان.

خىتاي يېقىنقى بىر-ئىككى يىلدا يەنە كۆپلىگەن خەلقئارالىق يىغىن، مۇنبەرلەرنى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەۋجۇت ئەمەستەك كۆرۈنۈشنى تەشۋىق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

# خىتايغا ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزگەن جاسۇس گۇماندارلىرى ئەيىبلەندى



**شەرقىي تۈركىستاندىن تۈركىيەگە ھىجرەت قىلىپ پاناھلانغان ئۇيغۇرلار ۋە تەشكىلاتلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاپ، خىتاي ئىستىخبارات ئورگىنىغا يەتكۈزگەنلىكى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغان يەتتە جىنايەت گۇماندارى جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى.**

ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ 17-ئۆكتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، ئىستانبۇل باش تەپتىش مەھكىمىسى تەييارلىغان ئەيىبنامىدە، خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، ئەگەر خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىغا ۋاكالىتەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار



بىلەن تەمىنلىمىگەن تەقدىردە، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا زەرەر يەتكۈزۈش، لاگېرغا قاماش توغرىسىدا تەھدىت سالغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئەيىبنامىدە خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭمۇ بۇ گۇماندارلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش، شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت قىلىش ئەركىنلىكى بېرىش ۋە ئۇ يەردىكى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىش ھەققىدە ۋەدە بېرىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ھەققىدە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ھەرىكىتى ئىجرا قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئەيىبنامىدە جاۋابكارلارنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا ئاسانلا سىڭىپ كىرىش شارائىتى ھازىرلانغانلىقى، جاۋابكارلارنىڭ خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي مەلۇماتلىرىنى، ئۇچۇرلىرىنى، ھۆججەتلىرىنى ئورتاقلاشقانلىقى تەكىتلەنگەن.

تۈركىيە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش شۆبىسىنىڭ جاۋابكارلار ھەققىدە تەييارلىغان ئەيىبنامىسىدە جاۋابكارلاردىن سادىق مەتئەزىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلىكى، خىتاي ئىستىخبارات ئورگىنى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى ۋە بۇ خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن خوڭكوڭ ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا كۆرۈشكەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئەيىبنامىدە قەيت قىلىنىشىچە، جاۋابكار سادىق مەممەتئەزىز تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ۋە تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى قاتارلىق

تەشكىلاتلارنىڭ ئادرېسى ۋە ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ۋە سىنلارنى خىتاي ئىستىخبارات ئورگىنىغا يەتكۈزگەن.

ئەيىبنامىدە خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئېرىشكەن ئۇچۇرلار بەدىلىگە جاسۇسلارغا ئۇچىنچى تەرەپ ھېساباتى ئارقىلىق پۇل بەرگەن. خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى جاۋابكار سادىق مەمەتئەزىزغا بېيجىڭ ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇچرىشىشلاردا 22 مىڭ دوللار بەرگەنلىكى، مەزكۇر جاۋابكار يەنە باشقا جاۋابكاردىن ھەبىبۇللا ئو، ھاشىم س، سەمەت ئا، قارى ي ئارقىلىق جەمئىي 110 مىڭ 910 دوللار ئالغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئەيىبنامىدە جاۋابكار سادىق مەمەتئەزىزنىڭ يانفونىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننى ئاساس قىلغان نۇرغۇن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرنىڭ بارلىقى، بۇ سۈرەتلەرنىڭ خىتاي ئىستىخبارات ئورگىنى ئەمەلدارلىرىغا يوللانغانلىقى ئېنىقلانغان. جاۋابكارنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن Viber، ئۈندىدار، تېلېگرامما ۋە سىگنال قاتارلىق ئەپلەر ئارقىلىق كۆرۈشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.



ئەيىبنامىدە جاۋابكار سادىق مەمەتئەزىزنىڭ باياناتىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركىيەدە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۈندىدار ئىشلىتىپ، ئۆزى بىلگەن خىتاي ئىستىخبارات خادىمى ئالىمجان بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى بايان قىلغان.


ئەيىبنامىدە خاتىرىلىنىشىچە، جاۋابكار سادىق مەمەتئەزىز ئالىمجان ئىسىملىك كىشىنى 2013-يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ يۇرتى قاغىلىقتىكى خىتاي ساقچىسى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقان بولۇپ، جاۋابكار 2021-يىلى ئالىمجاننىڭ ئۆزىنى تۈركىيەدىن خىتايغا بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

سادىق مەمەتئەزىزنىڭ بايانىدا ئۆزىنىڭ نېمىشقا يۇرتىغا بارغانلىقى ھەققىدىكى سوئالغا بەرگەن جاۋابىدا يۇرتىغا بارمىسا ئائىلىسىدىكىلەرگە زەرەر يەتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سېلىنغانلىقى، نەتىجىدە خوڭكوڭغا كىرگەن ھامان تۇتقۇن قىلىنىپ، يۇرتى قاغىلىققا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى، قاغىلىقتا 15 كۈن قىين-قىستاققا ئېلىنغانلىقى نەقىل ئېلىنغان.

ئالىمجان ۋە لى فامىلىلىك خىتاي 15 كۈندىن كېيىن جاۋابكار سادىق مەمەتئەزىز بىلەن سۆزلەشكەن بولۇپ،



ئەيىبنامىدە جاۋابكارنىڭ بايانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى مەزمۇنلار قەيت قىلىنغان: « ئالىمجان ماڭا: ختاي ئىنتايىن چوڭ دۆلەت، ئەگەر بىزگە ئىشلىسەڭ قۇتۇلىسەن، بولمىسا بىز سېنى ۋە سەن ياخشى كۆرىدىغان ئائىلە ئەزالىرىڭنىڭ ھەممىنى يوقىتىمىز، دېدى. ئۇ ماڭا تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ چىقىرىلغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلسام، مەن يەنە تۈركىيەگە بارالايدىغانلىقىمنى ۋە قاغىلىقتا قالغان تۇغقانلىرىمغا زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئالىمجاندىن ماڭا قىلدۇرماقچى بولغان ئىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا: تۈركىيەگە بارسەن، شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى بىزگە يەتكۈزىسەن، دېدى. مەن ئۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلدىم. ئاندىن ئۇلار مېنى بېيجىڭغا ئېلىپ باردى. ئۇلار ماڭا ختايدا يېڭىدىن پاسپورت بېجىرىپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ يەتتە مىڭ دوللار بەردى. ئالىمجاننىڭ تەھدىتىدىن كېيىن، 2023-يىلى 8-ئايغا قەدەر ختاينىڭ ئىستىخبارات ئورگىنىدا ئىشلىدىم ھەمدە ئالىمجان مەندىن تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان



بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆھبەت، يىغىنلارغا قاتنىشىپ، يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سۈرىتىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا: مەن تۈركىيەدە نەچچە يىل تۇردۇم، مەن ھازىرغىچە بۇ يىغىن ۋە تەشكىلاتلارغا قاتناشمىدىم، ئەمدىلىكتە بۇ يىغىنلارغا قاتناشسام ئۇلار مېنىڭ ئۇچۇر توپلاۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالىدۇ، دېدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلدى ۋە ماڭا مۇنداق دېدى: ئۇنداقتا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە خەۋەر تارقىتىدىغان ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابلىرىدىن خەۋەر ئەۋەتكىن، دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ھەر



10-15 كۈنىدە بىر قېتىم ئالىمجانغا ئۇچۇر يوللىدىم».

ئەيىبنامىدە خىتاي جاۋابكارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە باللىرىغا زەرەر يەتكۈزۈش ھەققىدە تەھدىت سېلىنغانلىقى سەۋەبلىك، خىتايغا جاسۇسلۇق قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئەيىبنامىدە جاۋابكارلاردىن سادىق مەمەتئەزىز، ئابدۇللا ناسىر، ھاشىم سابىتئوغلى، ھەبىبۇللا ئۇرۇمچى، قارى ئىلياس، نۇرەخمەت ئۆ. ھەممىدە سەمەت ئا قاتارلىقلارنىڭ «سىياسىي ياكى ھەربىي جاسۇسلۇق قىلىش مەقسىتىدە، دۆلەتنىڭ مەخپىي ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىش» جىنايىتىگە 18 يىل 10 ئايدىن 25 يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىش تەلەپ قىلىنغان.

> **تۈركىيە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش شۆبىسىنىڭ جاۋابكارلار ھەققىدە تەييارلىغان ئەيىبنامىسىدە جاۋابكارلاردىن سادىق مەتئەزىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلىكى، خىتاي ئىستىخبارات ئورگىنى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى ۋە بۇ خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن خوڭكوڭ ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا كۆرۈشكەنلىكى بايان قىلىنغان.**

# ئون نەچچە دۆلەت شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل تەكشۈرۈش ھەققىدە چاقىرىق قىلدى



**بىر تۈركۈم غەرب دۆلەتلىرى خىتاينى شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى مەسىلىسىدە ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشقا چاقىردى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرى 22- ئۆكتەبىر خىتاينى قالايمىقان قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنى قويۇپ بېرىشكە ۋە مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ بىۋاستە زىيارەت قىلىپ، باھالىشىغا يول قويۇشقا چاقىرغان.

ئاۋستىرالىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جامېس لارسېن ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنىدا ئامېرىكا، كانادا، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق 15 دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئورتاق باياناتا ئېلان قىلىپ، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشنىڭ ئەندىشىلەرنى تۈگىتىشتىكى ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى، خىتاينى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى



ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتكە بېرىپ، ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىنى باھالىشىغا يول قويۇشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

باش ئەلچى لارسېن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى بىر قانچە ئىنسان ھەقلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئالاقىدار دوكلاتلىرىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش، ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى ۋەيران قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىغا قارىتا ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

لارسېن يەنە خىتاينى ئەيىبلەپ: «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يوللۇق ئەندىشىسىنى ئەھمىيەتلىك تەرىقىدە ھەل قىلىش ئۈچۈن خىتايغا كۆپ قېتىم پۇرسەت بېرىلگەن بولسىمۇ، بىراق خىتاي ئۇنىڭ ئەكسىچە 7-ئايدىكى قەرەللىك ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ باھاسىنى قانۇنسىز ۋە ئىناۋەتسىز، دېدى» دەپ تەكىتلىگەن.

خىتاينىڭ ب د ت دىكى دائىمىي ئەلچىسى بۇ ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرگەن ۋە بۇرۇنقىدەكلا بىلجىرلاپ، ئامېرىكا قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنى مەجبۇرلاپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلدۇرغانلىقىنى دەۋا قىلغان.



Australian Mission to the United Nations
New York
AUSTRALIA

UNGA79 Third Committee: General Discussion on Human Rights: Joint statement on the human rights situation in Xinjiang and Tibet

Statement delivered by H.E. Mr James Larsen, Ambassador and Permanent Representative of Australia to the United Nations
22 October 2024

I have the honour of delivering this joint statement on behalf of the following countries Canada, Denmark, Finland, France, Germany, Iceland, Japan, Lithuania, Kingdom of the Netherlands, New Zealand, Norway, Sweden, United Kingdom, United States of America, and my own country, Australia. These countries are all committed to universal human rights and have ongoing concerns about serious human rights violations in China.

Two years ago, the United Nations Office of the High Commissioner for Human Rights' assessment on Xinjiang concluded that serious human rights violations had been committed in Xinjiang, and that the scale of the arbitrary and discriminatory detention of Uyghurs and other predominately Muslim minorities in Xinjiang "may constitute international crimes, in particular crimes against humanity".

Subsequently, United Nations' Treaty Bodies have taken similar views and made similar recommendations, including: The CERD in November 2022 through its concluding observations and Urgent Action Decision on Xinjiang; and The CRPD, CESCR and CEDAW in their September 2022, March 2023 and May 2023 Concluding Observations.

The Working Group on Arbitrary Detention has issued communications concerning multiple cases of arbitrary detention and enforced disappearances, and over 20 Special Procedure Mandate Holders have expressed concern about systemic human rights violations in Xinjiang.

Relying extensively on China's own records, these comprehensive findings and recommendations by independent human rights experts from all geographic regions detail evidence of large-scale arbitrary detention, family separation, enforced disappearances and forced labour, systematic surveillance on the basis of religion and ethnicity; severe and undue restrictions on cultural, religious, and linguistic identity and expression; torture and sexual and gender-based violence, including forced abortion and sterilisation; and the destruction of religious and cultural sites.

China has had many opportunities meaningfully to address the UN's well-founded concerns.

Instead, China labelled the Office of the High Commissioner for Human Rights' assessment as 'illegal and void during its Universal Periodic Review adoption in July.

According to the Office of the High Commissioner for Human Rights' statement in August, the problematic laws and policies in Xinjiang continue to remain in place.

The statement again called on China to undertake a full review, from the human rights perspective, of the legal framework governing national security and counterterrorism.

Mr Chair, as with our concerns for the situation in Xinjiang, we are also seriously concerned about credible reports detailing human rights abuses in Tibet. United Nations human rights treaty bodies and United Nations Special Procedures have detailed the detention of Tibetans for the peaceful expression of political views; restrictions on travel; coercive labour arrangements; separation of children from families in boarding schools; and erosion of linguistic, cultural, educational and religious rights and freedoms in Tibet.

We urge China to uphold the international human rights obligations that it has voluntarily assumed, and to fully implement all UN recommendations including from the Office of the High Commissioner for Human Rights' assessment, Treaty Bodies and other United Nations human rights mechanisms. This includes releasing all individuals arbitrarily detained in both Xinjiang and Tibet, and urgently clarifying the fate and whereabouts of missing family members.

Transparency and openness are key to allaying concerns, and we call on China to allow unfettered and meaningful access to Xinjiang and Tibet for independent observers, including from the UN, to evaluate the human rights situation.

No country has a perfect human rights record, but no country is above fair scrutiny of its human rights obligations.

It is incumbent on all of us not to undermine international human rights commitments that benefit us all, and for which all states are accountable.

Thank you.

# ئۇيغۇر قىز خىتايپەرەس دوغۇ پېرىنچەكنى مات قىلدى




**ئۇيغۇر قىز نەفىسە ئوغۇز 24-ئۆكتەبىر ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا خىتايپەرەس، كوممۇنىست سىياسەتچى دوغۇ پېرىنچەكنى يىغىن ئەھلى ئالدىدا مات قىلدى.**

يىغىننى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى «ئاتاتۈرك مەپكۇرىسى كۇلۇبى» تەشكىللىگەن بولۇپ، تۈركىيەدە خىتايپەرەسلىكى بىلەن تونۇلغان ۋەتەن پارتىيەسىنىڭ رەئىسى دوغۇ پېرىنچەك يىغىندا سۆز قىلغان. ئۇ تۈركىيەنىڭ خىتايغا ئىشىنىشى، تايىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سەپسەتە ساتقان بولۇپ، پېرىنچەكنىڭ يالغان سۆزلىرى ئۇيغۇر قىز نەفىسە ئوغۇزنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن. ئۇ جۈرئەتلىك ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تاغىسىنى سەۋەبسىز 17 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقان خىتايغا قانداق ئىشەنگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال قويغان.

كۈتۈلمىگەندە ئۇيغۇر قىزنىڭ رەددىيەسىگە دۇچ كەلگەن دوغۇ پېرىنچەك بەزىلەرنىڭ خىتاي ھەققىدە يالغان تەشۋىقات قىلىۋاتقانلىقى،




ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆپ قېتىم بارغانلىقى، ھېچقانداق زۇلۇم كۆرمىگەنلىكى ھەققىدە بىلجىرلىغان. نەفسە پىرىنچەكنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋابەن ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى، تۈرلۈك زۇلۇم، باستۇرۇشلارنى بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئېيتقان ۋە: «كىمنىڭ يالغان تەشۋىقات قىلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق» دېگەننى قوشۇپ قويغان. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى دوغۇ پىرىنچەكنى كۈچلۈك مىسال، ئىخچام جۈملىلەر ئارقىلىق ئەدەپلىگەن نەفسەنىڭ جۈرئىتىگە گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتقان.

نەفسە ئوغۇزنىڭ تاغىسى ئالىم ئابدۇلكەرىم 2017-يىلى 8-ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن بولۇپ، 17 يىللىق قاماق جازاسى بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇنىڭغا چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلەشكەنلىكى ۋە چەكلەنگەن دىنىي تەبلىغلەرنى ئاڭلىغانلىقى سەۋەبىدىن قاماق جازاسى بېرىلگەن. نەفسە ئوغۇز ھازىرغا قەدەر تاغىسى ھەققىدە كۆپ قېتىم گۇۋاھلىق بەرگەن.

دوغۇ پىرىنچەك يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقان خىتاي تەرەپتە تۇرۇپ: «شەرقىي تۈركىستاندا زۇلۇم يوق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ ئويۇنى» دەپ بىلجىرلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخباراتچىلىق كەسپىنىڭ 4-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان نەفسە ئوغۇز يىغىنىنىڭ ئېچىلىش خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان يىغىنغا قاتنىشىشنى قارار قىلغان. ئۆزىنىڭ قارارى بويىچە يىغىندا دوغۇ پىرىنچەكنىڭ قارشىسىدا يۈز تۇرانە تۇرۇپ، مەيداننى ئېنىق بىلدۈرگەن ۋە پىرىنچەكنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئۇيغۇر قىز نەفسەنىڭ خىتايپەرەس سىياسەتچى ئالدىدىكى جۈرئەتلىك ئىپادىسى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا كەڭ تارقالدى.

# خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىدى



**خىتاي كومپارتىيەسى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ رەئىسى ۋاڭ خۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تۆتىنچى قېتىم زىيارەت قىلىپ، داۋاملىق قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ شوئارلىرىدىن بىرى بولغان ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش» ئىبارىسىنى قايتا تەكىتلىدى.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خىتاي سىياسىي كېڭەشىنىڭ رەئىسى ۋاڭ خۇنىڭ 21-ئۆكتەبىردىن 24-ئۆكتەبىرگىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلغان. ۋاڭ خۇنىڭ بۇ جەرياندا: «خىتايچە



ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، كومپارتىيەنىڭ شىنجاڭنى تولۇق، ئەتراپلىق كونترول قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق، كۈچلۈك بولغان جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان. ئۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسىنىڭ رولىنى تەكىتلەپ، ئاتالمىش دىۋىزىيە روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، دىۋىزىيەنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش يېڭى ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.

ۋاڭ خۇنىڭ زىيارىتىدە خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى، خوتەن ئىنستىتۇتى، خوتەن شەھەرلىك 12-باشلانغۇچ مەكتەپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى تازغۇن يېزىسى، ئاتالمىش «شىنجاڭ» سانائەت ئىنستىتۇتى ۋە قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇ يەنە لوپ ناھىيەسىدىكى راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى زىيارەت قىلىپ، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش كېرەكلىكىنى ئېيتقان.

خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋاڭ خۇنىڭ بۇلتۇر 22-مايدىن 24-مايغىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىمۇ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنلاشتۇرۇش، مىللەت، دىن خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ئىشلەش، بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش» قاتارلىق تېررور سىياسىتىنى تەكىتلىگەندى.

كۆزەتكۈچىلەر ۋاڭ خۇنىڭنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىدە ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق ئېڭى»نى تەكىتلىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا ئىشارەت قىلىش ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىم قەشقەر ۋە خوتەنگە ئوخشاش ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان ۋىلايەتلەرنى نۇقتىلىق زىيارەت قىلىشىنىڭمۇ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# خىتاي ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئۆمەك ئەۋەتىپ جىنايەتلىرىنى پەردازلىماقتا

**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم دۆلەتلەردىن تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يالغان سەھنىلەرنى زىيارەت قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئۆمەك ئەۋەتىپ، ساختا تەشۋىقاتلىرىنى بازارغا سالماقتا.**

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 15-ئۆكتەبىردىن 24-ئۆكتەبىرگىچە ئاتالمىش «شىنجاڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى» سىنگاپور، مالايشىيا، ياپونىيە قاتارلىق ئاسىيا ئەللىرىگە بېرىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاقلىغان.

خىتاينىڭ مەزكۇر ئۆمىكى بۇ جەرياندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلغانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغانلىقى، دىنلارنىڭ ئىناق، رايىشلىقى ھەققىدە بىلجىرلىغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ئۆمىكى يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئامېرىكا ۋە غەرب ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان-ياۋىداق سۆزلەر ئىكەنلىكى، شەرقىي




تۈركىستانىنىڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدەك كونا سەپسەتىلەرنى تەكرارلىغان.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى بۇ ھەقتە بىر قىسىم مەلۇماتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، ختاي ئۆمىكىدە ختايغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى مەمەت جۇمە، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى» قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى زىلمىرە ئەنۋەر قاتارلىق ئۇيغۇرلارمۇ بولۇپ، باشقا ختاي ئەمەلدارلار ۋە ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە ختاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئاقلىغان. ئۇلار بۇ قېتىملىق ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتىدە ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئىسلامىي تەشكىلاتلارنى نۇقتىلىق نىشانلىغان بولۇپ، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى پەردازلاش بىلەن بىرگە، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى، تەشكىلاتلارنى قارىلىغان.

ئۇندىن باشقا، ختاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، قورچاق ئەمەلدار نۇرلان ئەبىلمەجىن ئۆمەك باشلاپ، 14-ئۆكتەبىردىن 19-كۈنىگىچە ياپونىيە ۋە كورىيەنى زىيارەت قىلغانىدى ۋە تۈرلۈك ساختا تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئارقىلىق جىنايەتلىرىنى پەردازلىغانىدى.



# ئۇيغۇر قىز ئەرفىيە ئومۇمىي سايلامدا قايتا پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى

**27-ئۆكتەبىر ئۆتكۈزۈلگەن ياپونىيە پارلامېنت سايلىمىدا ئۇيغۇر قىز ئەرفىيە ئىرى (ئەرفىيە ئەلى) قايتا ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.**

ياپونىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى فۇمىيو كىشىدا بۇ يىل 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، ئۆكتەبىر ئېيىدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ قېتىملىق پارلامېنت سايلىمىدا ئەرفىيە ئىرى ئىككى ھەپتىگە يېقىن داۋاملاشقان تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە قايتا ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ئۇ بۇلتۇر 4-ئايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان لىبېرال دېموكراتلار

پارتىيەسىنىڭ نامزاتى سۈپىتىدە سايلامغا قاتنىشىپ، چىبا شەھەرلىك ئاۋام پالاتا ئەزاسى سايلىمىدا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئاۋاز بىلەن ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغاندى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ سابىق باش ۋەزىر فۇمىئو كىشىدانىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ئەرفىيە ئېرى ياپونىيەنىڭ خىتايغا قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ كەلگەن. ئۇ 27-ئۆكتەبىر ھىندىستان ۋاقتى قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدىمۇ توختالدى. ئەرفىيە ئېرى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە دوكلات، دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئەندىشىسىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىي قەدەم باسمىغانلىقىنى، دۇنيانىڭ، خۇسۇسەن ياپونىيەنىڭ خىتاينى تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئۇيغۇر قىز ئەرفىيە ئەلى 1988-يىلى ياپونىيەنىڭ فۇكۇئوكا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ياپون تىلىدىن باشقا، ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە ئىنگلىزچىنى پىششىق بىلىدىكەن. ئۇ ۋاشىنگتوندىكى جورجى تاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا سىياسەت كەسپىدە ئوقۇغان، ۋاشىنگتوندىكى خەلقئارا سىياسەت ئىنستىتۇتى، دۇنيا بانكىسى، ياپونىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات مۇنبىرى» ئۆتكۈزدى




**شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان خىتاي 26-ئۆكتەبىر ئۈرۈمچىدە 2-نۆۋەتلىك ئاتالمىش «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى تەرەققىيات مۇنبىرى» ئۆتكۈزۈپ، جىنايەتلىرىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى گۈللەپ ياشنىدى» باش تېمىسىدىكى 2-نۆۋەتلىك ئاتالمىش «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى تەرەققىيات مۇنبىرى» ئۈرۈمچىدىكى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتايىنىڭ ئىچى-سىرتىدىن كەلگەن




كەلگەن 11 مۇتەخەسسىس قاتناشقان ۋە ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاقلىغان.

مۇنبەردە ئاتالمىش «ساختا ئۇچۇرلارنى توسۇش، يالغان-ياۋداق سۆز، بىر تەرەپلىمە قاراشتا قارشى تۇرۇشنى ئىلمىي مەدەت بىلەن تەمىنلەش» مەقسەت قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى قوغدالغانلىقى، بارلىق ھوقۇقلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى، خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ خىتايغا قارا چاپلىغانلىقى قاتارلىق سەپسەتىلەر قايتا تەكرارلانغان.

خىتاي بۇلتۇرمۇ سېنتەبىر ئېيىدا ئۈرۈمچىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاتالمىش «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى تەرەققىيات مۇنبىرى»نى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقى، خەلقنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ باياشات ياشاۋاتقانلىقى، مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ھەققىدە جار سالغاندى.

خىتاي بۇ خىل يىغىن، پائالىيەتلەرنى كۆپلەپ تەشكىللەش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولغان تۈركىي خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنىۋاتقان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار بارلىق ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇپلا قالماي، ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، تىل-يېزىقى، مىللىي مائارىپى، ئەدەبىيات-سەنئىتى چەكلەنمەكتە، ۋەيران قىلىنماقتا، يوقىتىلماقتا.

# ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ئاپتوموبىللىرىغا تاموژنا بېجى قوشۇش قارارى قانۇنغا ئايلاندى




**ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي شىركەتلىرى ئىشلەپچىقارغان توكلۇق ئاپتوموبىللارغا 35% تىن ئارتۇق قوشۇمچە تاموژنا قويۇش قارارىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بىئارام بولغان خىتاي دەرھال نارازىلىق بىلدۈردى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇزۇن مەزگىللىك تەييارلىق ۋە تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي رېجىمىنىڭ



ختاي ئاپتوموبىل شىركەتلىرىگە زور مىقداردا تولۇقلىما بېرىشتەك ئادىل بولمىغان سىياسىتىنىڭ ياۋروپا شىركەتلىرىگە زەربە بەرگەنلىكىدە بىر قارارغا كەلگەن.

ياۋروپا ئىتتىپاقى 29-ئۆكتەبىر ختاي شىركەتلىرى ئىشلەپچىقارغان توكلۇق ئاپتوموبىللارغا 35.3% كە يېتىدىغان قوشۇمچە تاموژنا قويۇش ھەققىدىكى قارارنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ مەزكۇر قارارنىڭ رەسمىي قانۇنغا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. بۇ قانۇن ئېلان قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسىدىن تارتىپ ئىجرا قىلىنىدىغان بولۇپ، مۇددىتى بەش يىل ئىكەن.

بۇ ئاينىڭ بېشىدا ختاي توكلۇق ئاپتوموبىل شىركەتلىرىگە قوشۇمچە تاموژنا بېجى قويۇش قارارى ياۋروپا ئىتتىپاقىدا ئاۋازغا قويۇلغاندا، 10 دۆلەت قوللىغان، 5 دۆلەت قارشى چىققان، 12 دۆلەت ئاۋاز بېرىشتىن ۋاز كەچكەن. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە بىلەن ۋېنگىرىيە قاتتىق قارشى تۇرغان، فىرانسىيە بولسا قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن، ختاينىڭ بىيادى، جېلى قاتارلىق ئاپتوموبىللىرىغا قوشۇمچە تاموژنا بېجى قويۇلۇپلا قالماي، ئاپتوموبىللىرىنى ختايدا ئىشلەپچىقارغۇزغان چەت ئەل شىركەتلەردىنمۇ قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئېلىنىدىكەن.

مەزكۇر قارار ختاينى قاتتىق بىئارام قىلغان بولۇپ، ختاي سودا مىنىستىرلىقى دەرھال بايانات ئېلان قىلدى. باياناتتا ختاينىڭ بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، ختاي شىركەتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقى دەۋا قىلىندى.

# خىتاي ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى يوقىتىش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا




ISTIQLAL

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والإعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


**www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com**

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00